## دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر

هازىر يېڭى سۆزلەرنى چۈشەندۈرىمەن.

5- سۆزگە قاراڭلار.

چۈشەندۈر-

يېڭى سۆز

### كۆنۈكمە

1- تۆۋەندە مۇۋاپىق شەخس ئالماشلىرىنى تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

| | |
|---|---|
| (     ) كىتابى | (     ) تۇرمۇشىمىز |
| (     ) ئۆيۈڭلار | (     ) ياتىقىڭلار |
| (     ) چىنىلىرى | (     ) لۇغەتلىرى |
| (     ) ئاكىلىرىمىز | (     ) ئۆگىنىشىڭلار |
| (     ) ئوغلۇڭلار | (     ) گۈرجىكىمىز |
| (     ) مەكتىپىمىز | (     ) كونسپېكتىڭلار |



ئايشىكىن (     ) ئوغلى.

ئۇ (     ) يېڭى مۇئەللىمىمىز.

بۇ (     ) سىنىپىڭلارمۇ؟

ئۇلار (     ) يۇرتتاشلىرىمىز.

-(     ) مەكتىپىڭلار قانداق؟

-(     ) دەپتەرلىرى سىنىپتا.

-(     ) قانچە بالىسى بار؟

-(     ) بىر بالىسى بار.

-(     ) ئۇيغۇرچە دۇنيا خەرىتەڭلار بارمۇ؟

-(     ) ئۇيغۇرچە دۇنيا خەرىتىمىز يوق، خەنزۇرچە دۇنيا خەرىتىمىز بار.

مەكتەپ + ـىمىز ← مەكتىپىمىز ( مەكتىۋىمىز)
گۆرجەك + ـىمىز ← گۆرجىكىڭلار (گۆرجىكىڭلار)
كونسپىك + ـىڭلار ← كونسپىكىڭلار( كونسپىكىڭلار)
ياتاق + ـى ←ياتىقى ( ياتىغى)
ئورۇندۇق + ـى ←ئورۇندۇقى ( ئورۇندۇغى)

ئىزاھات ①: ئاز ساندىكى تاۋۇشلار يۇقىرقى قائىدە بويىچە كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

ئىتتىپاق + ـىمىز ← ئىتتىپاقىمىز ( ئىتتىپاغىمىز، دەپ تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ)

سىنىپ + ـىمىز ← سىنىپىمىز ( سىنىۋىمىز، دەپ تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ)

ئىزاھات ②: يۇقىرقى قائىدە بويىچە، ب ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەر پ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب + ـىڭ ←كىتابىڭ ( كىتاۋىڭ )

ئىنقىلاب + ـىمىز ← ئىنقىلابىمىز ( ئىنقىلاۋىمىز )

## گراماتىكا

### 1- ئىسمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ كۆپلۈك شەكلى تۆۋەندىكىچە:

| | | 76 |
|---|---|---|
| I.شەخس | - ىمىز/، - مىز | مەكتىپىمىز، پۇتۇمىز |
| II.شەخس | - ىۈڭلار /، - ۇڭلار /، - ىڭلار / ، -ڭلار | ئاناڭلار، كىتابىڭلار، پۇتۇڭلارئۆيۈڭلار |
| III.شەخس | -ى /، - سى | ئانىسى، كىتابى |

### 2- ئىسمغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ رەت تەرتىپى

ئىسىم كەينىگە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قوشۇمچىلار قوشۇلۇشقا توغرا كەلگەندە، رەت تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن ئىسمنىڭ كۆپلۈك تۈرى، ئارقىدىن تەۋەلىك قوشۇمچىسى، ئەڭ ئاخىرىدا كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچى + لار +ـىمىز ← ئوقۇغۇچىلىرىمىز
ئوقۇغۇچى + لار + دا ← ئوقوغۇچىلاردا
ئوقۇغۇچى + مىز + دا ←ئوقۇغۇچىمىزدا
ئوقۇغۇچى + لار + ىمىز +دا ← ئوقۇغۇچىلىرىمىزدا

## يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Mutfak | ئاشخانا |
| Kız kardeş | سىڭىل |
| Toplantı | مەجلىس |
| Kürek | گۈرجەك |
| Kat | قەۋەت |
| Geniş | كەڭ |
| Konferans | لېكسىيە |
| Ders tahtası | دوسكا |
| Ayrıca | بۇنىڭدىن باشقا |
| Yine | يەنە |
| Masa | پارتا |
| Silgi | ئۆچۈرگۈچ |
| Tebeşir | بور |
| Tükenmez kalem | ماي قەلەم |
| Vesaire | قاتارلىق |
| Şey | نەرسە |
| Kız | قىز |
| Erkek | ئوغۇل |
| Hergün | ھەر كۈنى |
| Üstün, Yukarı | ئۈستۈن |
| Memur | كادىر |
| Abi – kardeş | ئاكا - ئۇكا |
| Abla – kardeş | ئاچا - سىڭىل |
| Öğrenim, eğitim | ئوقۇش |
| Daha | تېخى |
| Küçük | كىچىك |



### فونېتىكا

#### 1-جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ق، ك، پ قاتارلىقلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى

كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى « پ، ك، ق» تاۋۇشلىرى تەۋەلىك ۋە تەرتىپ سان قوشۇمچىلىرى ياكى باشقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تەركىبلەرگە ئۇلانغاندا، « ۋ، گ، غ» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشمەي، يېزىلىشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن